# پاتمەنىڭ چۈشى



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

پاتىمە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى باغچىدا خىلمۇ-خىل ھاشارەتلەر ۋە رەڭگارەڭ قۇشلارنى قوغلاپ تۇتۇپ ئويناشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.



ئۇ يەنە باغچىدا قەغەز قېيىق ياساپ سۇدا ئېقتىدىكەن، ئايرۇپىلان ياساپ ئۇچۇرىدىكەن ۋە قۇملاردىن قەلئەلەرنى ياسايدىكەن.



ئۇ ئۆيگە قايتقاندا ئانىسى ئۇنى يۇز-قوللىرىنى سوپۇنلاپ يۇيۇشقا بۇيرۇيدىكەن. ئەمما ئۇ ئانىسىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ: مەن سوپۇنغا بەك ئۆچ، يۇز-قوللۇرۇمنى يۇيغۇم يوق، دەپ ئۇنىمايدىكەن.




بر کېچسی پاتمه بر چۉش کۉرۉپتۇ، ئۇنڭ
چۉشیده میکروپلار ئۇنڭ قەلئەسینی قورشۋېلیپ
ئۆزیگه هۇجۇم قیلماقچی بوپتۇ.



پاتىمە ئۇلاردىن قېچىپ قاتتىق يۈگۈرۈۋاتقاندا مىكروپلار ئۇنى قوغلاپ يېتىشىۋاپتۇ، ئۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ : قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! -دەپ ۋارقىراپتۇ.



تۈيۈقسىز سوپۇن كۆپۈكچىلىرىنىڭ پادىشاھى پەيدا بولۇپ: پاتىمە، ھەرگىز قورقماڭ، بىز سىزگە ياردەم قىلىمىز،- دەپتۇ ۋە ئەسكەرلىرىگە: ھەممىڭلار مىكروپلارغا تېزدىن ھۇجۇم قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. كۆپۈك ئەسكەرلەر مىكروپلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى ئۇلارنى قەلئەدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.



پاتمە ئاشۇ كۈندىن باشلاپ سوپۇننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، يۈز-قوللىرىنى پات-پات سوپۇنلاپ يۇيۇپ تۇرىدىغان، ھەر ئەتىگەن-كەچتە چىشلىرىنى چىش پاستىسى بىلەن چوتكىلايدىغان بوپتۇ.

